تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

# سەھەردە كۆرگەن چۈش



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن

# سەھەردە كۆرگەن چۈش

(پوۋېست ، ھېكايىلەر توپلىمى)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

晨梦/吐尔逊娜依著。— 乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.8

ISBN7—228—06590—5

Ⅰ.晨… Ⅱ.吐… Ⅲ.短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第051605号

责任编辑:吐尔尼沙·艾山

责任校对:阿尔孜古丽·克理木

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)

新疆新华书店发行

新疆畜牧印刷厂印刷

787×1092毫米 32开本 5.5印张 2插页

2001年9月第1版 2001年9月第1次印刷

印数:1——3,000

ISBN7—228—06590—5/I·2426 定价:8.00元

مەسئۇل مۇھەررىرى : تۇرنىسا ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئارزۇگۈل كېرەم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

# سەھەردە كۆرگەن چۈش

ئاپتورى : تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1092×787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 5.5 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2001 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 3,000
ISBN7—228—06590—5/I • 2426
باھاسى : 8.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

لىرىك شائىرە تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن 1945 - يىلى قەشقەر
كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكىرەم يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1951 -
يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە قەشقەر شەھەر نوۋشى باشلانغۇچ مەك-
تەپتە ئوقۇغان. 1955 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە شىنجاڭ پېدا-
گوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان.
1962 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە قەشقەردە، خوتەندە ئوتتۇرا ۋە
سىفەن مەكتەپلەردە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان.
1976 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەش-
مىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ «تارىم ژورنىلى» دا مۇھەررىر بولۇپ
ئىشلىگەن. 1991 - يىلىدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئى-
يىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ 1959 - يىلى «ياشلار گېزىتى» دە ئېلان قىلىن-
غان «تارىمنى گۈلزار قىلغىلى كەلدىم» ناملىق شېئىرى بىلەن
ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ھازىرغىچە ئۇنىڭ «جىنەس-
تە»، «بەشكىرەم گۈلباغلىرى»، «تۇمەن دەرياسى» قاتارلىق
نەچچە يۈز پارچە شېئىرى، «گۈلنىھال»، «لالە»، «سەپەر
ناخشىسى»، «چۆلدىكى بېكەتتە»، «ھايات»، «چىغىر
يول»، «سەھرا نەزمىلىرى» قاتارلىق شېئىرلار توپ-
لىمى، «گۈلنىھال» ناملىق داستانلار توپلىمى، «تىللا يوپۇر-
ماقلار»، «قارا قۇشقاچ»، «بالىلىقىم»، «سەھرادىن كەلگەن
قىزچاق»، «قىزىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى» قاتارلىق ھېكايە

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

توپلاملىرى نەشر قىلىندى .

ئۇ ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، كەسپىي يازغۇچىسى ، موئاۋىن رەئىسى . جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى .

بۇ توپلامغا ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيان يازغان شېئىر داستانلىرىنىڭ بىر قىسمى تاللاپ كىرگۈزۈلدى .

ھازىر ئۇ « يۈلغۈن لىرىكىسى » ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىماقتا .

## مۇندەرىجە


ئامرىقىم سىز ........................................ 1
يۇسۇپ ـ زۇلەيخالار ........................................ 7
ئانامنىڭ چىشى ........................................ 19
قىزنىڭ كۆز يېشى ........................................ 23
كېلەر يەكشەنبە ........................................ 29
قەبرىدىكى لەيلى ........................................ 36
بوتىلاق ........................................ 41
زۇكام بولۇپ قاپسىز ........................................ 47
ئاھ، قىزىل ياقۇت ........................................ 50
چىقمىنى كىم تۆلەيدۇ ........................................ 61
ئانا ........................................ 64
ئۇنىڭ كۆڭلىرى ........................................ 71
سەھەردە كۆرگەن چۈش ........................................ 75
ئادەم بولماق تەس ........................................ 84
گۈزەللىك قۇدرىتى ........................................ 88
دوللارچى خېنىم ........................................ 92
ياز كۈنى ........................................ 112
ئش ئىگىسى بىلەن ........................................ 120
نۇزۇگۇم ........................................ 123

## ئامرىقىم سىز . . .

— ئامرىقىم ، سىز نېمىدېگەن گۈزەل .

— ئاشۇرۇۋەتتىڭىز .

— ئامرىقىم ، سىز ئۇچۇن گۈزەل دېگەن سۆز ئازلىق قىلىدۇ ، ئۇ بىر مەۋھۇم سۆز ، سىزنىڭ ھۆسن ـ جامالىڭىزنى بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا بىر تال ھال ئەتىرگۈل دېسەم تازا جايىدا بولىدۇ .

— سىززە . . . دائىم شۇنداق گەپلەرنى قىلىسىز ، كىشىنى خىجىل قىلىپ .

— ئامرىقىم ، سىزدەك قىزغا ئۇچراپ قالغىنىم مېنىڭ بەخت ـ سائادىتىم ، پەخرىم ، غۇرۇرۇم ، شادلىقىم سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىز قانداق ؟سىزمۇ گەپ قىلىپ بېقىڭچۇ ؟

— جېنىم ، مەن سىزنى سۆيىمەن .

— ئامرىقىم ، سىز مېنىڭ « گۈزىلىم » دېگەن شېئىرىمنى كۆردىڭىزمۇ ؟

— ئوقۇدۇم ، ھەم يادلىۋالدىم ، ئۇ ناھايىتى ياخشى شېئىر .

— گۈزىلىم ، سىز بىلەمسىز ؟

— نېمىنى ؟

— ئۇ شېئىرنى مەن سىزگە قارىتىپ يازغان .

— چاقچاق قىلمىسىڭىزچۇ ، ئۇ شېئىر ئېلان قىلىنغاندا

مەن سىزنى تونۇمسام ،
— بىراق مەن سىزنى تونۇيتتىم .
— جېنىم مۇشۇنداق سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىسام ھەم خۇشال بولىمەن ھەم قورقىمەن .
— نېمىدىن قورقىسىز ، سىز گۈزەللىمنى مەن سۆيىدىغان تۇرسام ، سىز بۇ يەردىكى ھەممە قىزدىن گۈزەل ، شۇڭا مەن سىزنى ھەممىسىدىن بەك سۆيىمەن ، مەن سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا ھەقىقىي بىر شائىرغا ئايلاندىم .
— مەن سىزنىڭ ئاشۇنداق سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىسام ئىچىمگە ئەندىشە كىرىۋالىدۇ .
— گۈزىلىم ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟
— دۇنيادا ئۆزگەرمەيدىغان شەيئى يوق ، بىر كۈنلىرى مەنمۇ قېرىپ سەتلىشىپ كەتسەمچۇ .
— . . . مەن . . . مەن شۇ چاغدىمۇ سىزنى سۆيىمەن . گۈزەل ئادەملەر قېرىسىمۇ ئۆز ھۆسنىدىن قالمايدۇ .

— جېنىم ، ئىشتىن بۇرۇنلا چۇشۇپسىز ،
— ئامرىقىم ، سىزگە بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتىشقا ئالدىرىغىنىم ئۈچۈن شۇنداق بولدى .
— نېمە خۇش خەۋەر ئىكەن ئۇ ؟
— مېنى تەشكىل x شەھىرىگە يۆتكەپتۇ .
— بۇنىڭ نېمە خۇشال بولغۇچىلىكى بار . ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار مۇشۇ يەردە تۇرسا .
— ئامرىقىم كىچىك جاينىڭ كىچىكلىكى بار . چوڭ شەھەر دېگەننىڭ مەدەنىيىتى ، تۇرمۇشى ، راھىتى ، ئويۇن ـ تاماشاسى كۆڭۈلدىكىدەك بولغاچ كىشىلەر چوڭ شەھەرگە ئىنتىلىدۇ .

— بىز چوڭ شەھەرگە ئۆيىنغىلى بارامتۇق .
— يـاق ، ياق ، ئاۋۋال خىزمەت ، ئاندىن كېيىن گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش ئۈچۈن .
— مۇشۇ يەردىمۇ تۇرمۇشىمىز گۈزەلغۇ ؟
— ئامرىقىم ئۇ يەردە تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىمىز . سىزنى قونچاقتەك ياساپ قويىمەن ، بىزگە بىردەمدىلا ھەممىسىنىڭ كۆزى چۈشىدۇ .
— ئېھ ! سىزنىڭ غەلىتە ھەۋەسلىرىڭىزنىڭ تولىلىقى .
— ئامـرىقىم ، قايسى بىر كىتابتا ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ ، كىيىمىمۇ ، تۇرمۇشىمۇ گۈزەل بولۇشى كېرەك دېگەندەك بىر گەپنى ئوقۇغاندەك قىلىۋېدىم ، ئادەمنىڭ ھەممە نېمىسى گۈزەل بولۇشى كېرەك . ئامرىقىم گۈزەللىك ئۈچۈن ئالغا !
— ئەھ ! سىزنىزە . . .

— گۈزىلىم ، سىز مۇشۇ كۆڭلىكىڭىز بىلەن تىياتىرغا بارامسىز ؟
— جېنىم ، ئۆزىڭىز دائىم مۇشۇ كۆڭلىكنىڭ ئۆزۈڭگە بەك يارىشىدۇ ، مېنى خۇش قىلاي دېسەڭ مۇشۇ كۆڭلىكنى كەي دەيتتىڭىزغۇ ؟
— گۈزىلىم ، ئۇ دېگەن بۇرۇنقى گەپ ، ھازىر سىز چوڭ شەھەرگە كېلىپ قالدىڭىز . قىزلارنىڭ قانداق كىيىندىغانلىقىغا قاراپ باقتىڭىزمۇ ؟
— مەن ئەزەلدىن خەقنى دوراپ كىيىم كىيمەيمەن ، ئۆزۈمگە ياقىدىنىنى كىيىمەن .
— ئۇغـۇ شۇنداق ، شۇنداقتىمۇ ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە ، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە دېگەن گەپ بار — دە ، خەقنىڭ سىزنى

مەدەنىيەتسىز دېيىشنى خالىمايمەن ، كوپتا ـ يوپكىڭىزنى كىيە-
ۋېلىڭ .
— بوپتۇ ، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئۈچۈن كىيسەم كىيەي ،
— ھە ، مانا ھۆسنىڭىزگە ھۆسن قېتىلدى ، گۈزىلىم .
چېچىڭىزنى ھېلىقى نېمە دەيتتى بىر قانداق قىلىپ چوققىڭىزغا
تۇرۇۋالسىڭىزچۇ ؟
— كىنودىكى ياپون ئاياللىرىدەكمۇ ؟
— ھەئە . . . ھەئە . . .
— مەن ئالاھىدە ياسىنىشنى ياقتۇرمايمەن . بەك ياسىنىپ
كەتسەم خىجىل بولۇپ گويا ھەممە خەق ماڭا قاراۋاتقاندەك تۇيۇ-
لۇپ ، يول ماڭالمايمەن . چېچىمنى ئىككى تال قىلىپ تاشلاپ يۈ-
رۈشنى ياقتۇرىمەن .
— ھېچبولمىسا ئىككى چېكىڭىزدىكى توپقا قېتىلمايۋاتقان
چاچلىرىڭىزنى يىغىشتۇرسىڭىزچۇ ؟ ئەركىشى تۇرۇپ ھەممە
ئىشنى مەن ئۆگىتىپ يۈرەمدىمەن .
— جېنىم ، سىز نېمە بولدىڭىز ، ئاچچىقلىنىۋاتامسىز ؟
— تېزرەك بولۇڭ ، تىياتىرغا كېچىكىمىز .

— ئامرىقىم بىر گەپنى ئېيتسام رەنجىپ قالامسىز ؟
— نېمىشقا رەنجىيمەن ؟
— بىزنىڭ ئىداردىكى ئاياللار سىزنى ئۆي تۇتۇشنى بىل-
مەيدىكەن دېيىشىۋاتىدۇ .
— ئۆزىمىزگە قولايلىق ، ئازادە ، پاكىزە بولسا بولدى ،
ئۆيىمىزنى خەقلەرنى دوراپ جابدۇق ماگىزىنىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشنى
خالىمايمەن .



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

— ئامرىقىم ، سىز تولىمۇ جاھىل - دە ، بۇ دېگەن چوڭ شەھەر ، ئۆي گۈزەل بولمىسا كەلگەنلەر بىزنى سەھرالىقنىڭ سەھرالىقى بار دەپ ياراتمايدۇ .
— ياراتمىغانلار كەلمەي قويسۇن ، كەلگەنلەر يارىتىپ ماختىشىۋاتىدۇ ، ئۆزۈم ياتمىغان كاماغا ، غەلۋىر باغلاي قۇيرۇ-قۇمغا دەپ بۇ بىر يېرىم ئېغىز ئۆيىنىڭ نەرىگە قوش - تاق ساپا ، ئېگىز - پەس ئىشكاپلارنى قوياتتىم .
— ھەي ، سىز بەك خۇراپىي - دە .
— ھەي ئەمدى مەن خۇراپىي ھەم جاھىل بولدۇممۇ ؟

— ئامرىقىم ، بالىنى پەس قىلىسىگىزچۇ ؟ بالىنىڭ يىغىسى-دىن ئىشلىيەلمەيدىغان بولدۇم .
— ئىشىگىزنى ئىدارىدە تۈگەتمىگەنمىدىڭىز ؟
— ئۆيدە قىلىدىغان بىرمۇنچە ئىشلىرىم بار ئىدى ، ئادەمگە بىردەممۇ ئارامچىلىق يوق ئىكەن - دە .
— ئۆيدە كىچىك بالا بولغاندىكىن ئەمدى بۇرۇنقىدەك تىنچلىق بولمايدۇ ، جېنىم ، قارىغا ئوغلىمىز سىزگە قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ .
— ۋاي بولدى ، كۈلمەي قويسۇن . بالىنى بىردەم قوش-نىلارنىڭكىگە ئاچىقىپ ئوينىتىپ كىرسىگىزچۇ ؟ مەن ئىشىمنى تۈگىتىۋالاي .
— جېنىم ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز ، قوشنىلار ئاللىقاچان ئۇخلاپ قېلىشتى .
— ئۇنداق بولسا مەن ئىشىمنى ئىدارىغا بېرىپ ئىشخانامدا قونۇپ شۇ يەردە ئىشلەپ تۈگىتەي .

— جېنىم ، ئۆيگە قايتمىغىنىڭىزغا بىر نەچچە كۈن بولـ
دى ، ئىشلەۋېرىپ ئاغرىپ قالماڭ يەنە .

— ھېچقىسى يوق ، قولۇمدىكى ئىش تېخى تۈگىمىدى ، ئۇ
تۈگىسە يەنە يېڭى ئىش بار .

— ئۇنداقتا . . . ئۇنداقتا پات قايتالمايدىكەنسىز ـ دە .

— ھەئە .

— جېنىم سىز نېمە بولدىڭىز ؟

— كىشىنىڭ مىجەزىنى بىلىپ بولماق تەس ئىكەن .
سىزدەك گۈزەل ، ئوماق بىر قىزنىڭ بىر بالا تۇغۇپلا مۇشۇنداق
كېلەڭسىز ، جاھىل ، نادان خوتۇنغا ئايلىنىشىنى بىلگەن بولسام
ئەسلا ئۆيلەنمەسكەنمەن .

— جېنىم ، سىز بۇرۇن بۇنداق دېمەيتتىڭىزغۇ ؟

— سىزمۇ مۇنداق ئەمەستىڭىزغۇ ؟

1980 ـ يىلى

# يۇسۇپ ـ زۇلەيخالار

ئىرىڭگە ئىشەنگۈچە، ئىشىكىڭنىڭ ئىلغۇچىغا ئىشەن.

**خەلق ماقالىسى**

ياش قىزلار چوكانلارغا ناھايىتى ھەۋەس بىلەن قارىشىدۇ. چۈنكى، چوكانلىق دەۋرى ئايال كىشىنىڭ خۇددى پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان ۋاقتى بولۇپ، ئادەتتە قىز دەۋرىدە ئانچە چىرايى كۆزگە تاشلانمايدىغان قىزلارمۇ چوكانلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ناھايىتى جازىبىلىك بولۇپ كېتىدۇ. كۆزلىرى خۇمارلىق باقسا، يۈزلىرى سۈزۈلۈپ، بەئەينى تۈكىنى سۈرتۈپ ئاغزىڭغا ئاپىرىشقا تەييارلىغان ئەششاپتۇلغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

قوشنىمىز بۈۋى مەريەمخان دەل ئەنە شۇنداق، ئەششاپتۇلدەك چىلىق ۋە ئاق يۈزلۈك چوكان ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئازا پىشىپ ۋايىغا يەتكەن قارا ئۆرۈكتەك قاپقارا ۋە يوغان، ئىچىدىن كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغىدەك بىر نۇر چاقنايتتى. بۇرۇنلىرى قاڭشارلىق بەئەينى يۇنان رەسساملىرى سىزغان بۈۋى مەريەم ئانىنىڭ رەسىمىگە ئوخشايتتى. يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ ئۈستىنى ئاز ـ تولا زىننەتلىگەن بۇرۇتلىرى ئۇنى سەبىي ئوغۇل بالىغا ئوخشىتىپ تۇراتتى. بۇرۇت ئۇنىڭ ھۆسنىنى بۇزۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنىڭ ھۆسنىگە بىر زىننەت بولۇپ قوشۇلغانىدى. ئۇ چاچلىرىنى بىلەكتەك ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈۋالاتتى. ئۆي ئىچىدە بۇ يوغان ۋە ئېغىر چاچلىرىنى گىلەم تاشكەنت

دوپپىسسنىڭ ئۇستىدىن سەللىدەك قىلىپ يۆگىۋالاتتى . بېغىررەڭ دۇردۇندىن تىكىلگەن ئىشتىنىنى لەپىلدىتىپ ، خان ئەتلەس كۆڭلىكىنى بېلىگە تۈرۈۋېلىپ ھويلىلارنى سۇ سېپىپ تازىلايتـ. تى ، ئۆي بېسىقتۇراتتى ، ئىشقىلىپ بىكار تۇرمايدىغان چاققان چوكان ئىدى .

ئۇنىڭ ئېرى رەستىدە گەزمالچىلىق دۇكىنى بار يۇسۇپخان دېگەن كىشى بولۇپ ئۇمۇ يىگىرمە بەش - ئوتتۇز ياشلار ئەترا- پىدا ئېگىز ۋە قەددى قامەتلىك ، چىرايلىق قاپقارا بۇرۇتلۇق سۇمـ. باتلىق يىگىت ئىدى ، ئۇستىگە ئادەتتە سۇررەڭ پەلتو كىيەتتى . ئىچىگە كالتە كەمزۇل كىيىپ شايى بەلۋاغ باغلايتتى . يۇسۇپخانـ. نىڭ كۆزلىرى بۆۋى مەريەمنىڭ كۆزلىرىدەك قاپقارا بولماستىن قوي كۆزلۈك بولۇپ ئىچىدىن قانداقتۇر بىر قىزىلغا مايىل نۇر چاقناپ قارىغان كىشىنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىپ ئۆتەتتى .

بويىغا يەتكەن قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىشىك - دېرىزە يوچۇقىدىن ماراپ يۇسۇپخاننى بىر كۆرۈۋېلىشنىڭ قەستىدە يۈ- رەتتى ،

قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم ،
جانىم پىدا بولسۇن ساڭا .

ئۇچىنچى مىسراسىغا كەلگەندە « جانىدىن كەچكەن يە- گىتلەر » دەپ ئېيتماي « جانىدىن كەچكەن سەتەڭلەر » دەپ ئېيتاتتى . تۆتىنچى مىسراسىدا « ئاشنا بولسۇن ساڭا » دەپ يۇسۇپخاننىڭ دىققىتىنى ئەتەي جەلپ قىلىشقا تىرىشاتتى . لېكىن يۇسۇپخان بولسا خۇددى بەش ۋاق نامازدا مېھرابقا قاراپ ئولتۇرـ. دىغان ئىمامدەك ئىككى يېقىغىمۇ قارىماي ئۇدۇل ئۆيىگە كىرىپ كېتەتتى . قىز - چوكانلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىكار كېتەتتى .

يۇسۇپخان بىلەن بۇۋى مەريەم خېنىمنىڭ ئۆزىگە چۇش-لۇق مۇھەببەت تارىخى بار بولۇپ كۆيۈپ ـ پىششىپ، ئىلىپ ـ تېگىشكەندى، يۇسۇپخان چەكمەنچى كوچىسىدا پالانچى قاسساپنىڭ خوتۇنىنىڭ بىر چىرايلىق سىڭلىسى بارمىش. بىراق، ئۆيىدىكىلەر ناھايىتى چىڭ تۇتۇپ تالاغا چىقارمايمىش دەپ ئاڭلاپ، كۆرمەي تۇرۇپلا بۇ پەرىگە ئاشىق بولىدۇ. ئۇنى قانداق كۆرۈشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. بىر قانچە دۇكاندار، ھۈنەرۋەن ئاغىنىلىرى بىلەن بىر پىلان قۇرۇپ چىقىشىدۇ. يەنى، بىر جۇۋىنى تەتۈر ئۆرۈپ، ئۇنىڭ تۈكلىرىگە بىردىن كىچىك قوڭغۇراق قاداپ، ئايەم كۈنى بىر شوخ يىگىت ئۇ جۇۋىنى كىيىپ يۈزىگە نىقاب تارتىپ چەكمەنچى كوچىسىدىن ئۆتىدۇ. ئۇ ئۆچكىدەك سەكرەپ كەينىگە يۈزدەك تاماشىبىن ئەگەشتۈرۈپ قاسساپنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە يەردە دومىلاپ كولدۇرمىلىرىنى جىرىڭلىتىپ ئىغىناشقا باشلايدۇ. بۇ كۈلكىلىك تاماشىنى كۆرمەك بولۇپ ئۇنۇغ ـ ئۇششاق ھەممە كىشى كوچىغا چىقىدۇ. قاقاقلىغان كۈلكىلەر پۈتۈن مەھەللىنى قاپلايدۇ، قاسساپمۇ بۇ تاماشىدىن قۇرۇق قالمايدۇ، بۇۋى مەريەم ھامماچىسى بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ تاماشا كۆرىدۇ ـــ دە، قېتىپ ـ قېتىپ كۈلۈشكە باشلايدۇ، دەل شۇچاغدا ئاغىنىسى يۇسۇپخاننى نوقۇپ ئۆگزىگە شەرەت قىلىدۇ، يۇسۇپخاننىڭ كۆزى ئۇ پەرىگە چۈشىدۇ ـــ دە، خۇددى ئەسكى سامانلىققا ئوت، كەتكەندەك پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىر يالقۇن ياماشقاندەك بولىدۇ. ئۇ پىرقىراپ يۈرۈپ ئابرۇيلۇق تۇغقانلىرىنى ئەلچىلىككە ماڭدۇرۇپ داغدۇغىلىق توي قىلىپ بۇ پەرىنى ئەمرىگە ئالىدۇ، توي ئاخشىمى كۆرۈپ باقمىغان كۈيۈسىنىڭ بۇنچە سۇمباتلىق يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بۇۋى مەريەم چىرايلىق كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ، پىستىدەك ئاغزى بىلەن تاتلىق كۈ-

لۆۋىتىدۇ، شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ چىرايلىقلاربىر - بىرىگە شۇنداق ئىرماش - چىرماش بولۇپ كېتىدۇكى ئۇلار «تاڭ ئاتمىسا، كۈن چىقمىسا» دېگۈدەك بولۇپ بىر - بىرىنىڭ دىدارىغا قېنىشماي ئۆتۈشكە باشلايدۇ، بۇۋى مەريەم بىر كۈن كەچكىچە ئۆي ئىشىنى قىلىۋېتىپمۇ، تاماق ئېتىۋېتىپمۇ يۈسۈپخاننى ئويلاشتىن ئارام ئالالمايتتى، گاھى - گاھىدا ئىككى مەگزى توغاچتەك قىزىرىپ يۈرىكى جىغىلداپ كېتەتتى، يۈسۈپخاننىڭ قولى تەگكەن بىلەكلىرى كۆيۈشكەندەك بولاتتى. يۈسۈپخاننىڭ كېلىدىغان ۋاقتى قاچان بولىدىكىن دەپ كۈنگە تولا قاراپ كۆزلىرى تېشىلگىدەك بولاتتى. يۈسۈپخاننىڭ يۇيۇلغان كىيىملىرى ئارغامچىدا لەپىلدىسىمۇ، شامال ئىشىكنى تىرىقلاتسىمۇ، يۈسۈپخان ئۇشتۇمتۇتلا كېلىپ كەينىدىن قۇچاقلىۋالىدىغاندەك يۈرەكلىرى ئويناشقا باشلايتتى.

يۈسۈپخانچۇ؟ ئۇمۇ دۇكاندا ئولتۇرۇپ كۈنگە قارايتتى. ئېزرەك پېشىن بولۇشنى كۈتەتتى. پېشىن بولمىغۇچە دۇكاندىن قوپۇپ كېتىشتىن خىجىل بولىدۇ — دە، ئەتىگەندە سەھەردە كېلىۋېلىپ دۇكاننى بىر ئېچىۋالسا تا نامازشام بولمىغۇچە دۇكاندىن مىدىرلىمايدىغان، نامازنىمۇ شۇ يەردە ئوقۇپ ئۈچ ۋاق تامىقىنىمۇ شۇ يەردە يەيدىغان دۇكاندارلارنىڭ مەسخىرىسىدىن قورقۇپ دۇكاندىن چىقالماسلىقى ئۇنىڭغا بەك ئەلەم قىلاتتى. ناماز ۋاقتى بولدىمۇ، يۈسۈپخان ئۆيىگە چاپاتتى، تەرەتنى ئېلىپ نامازنى بەزىدە مەسچىتتە بەزىدە ئۆيدە ئوقۇيتتى، ئاندىن كېيىن خوتۇنىغا زوق بىلەن تىكىلەتتى.

— خۇدايىمنىڭ ئۇلۇغلىقىنى قارىمامدىغان، سىلىدەك بىر پەرىشتىنى مەن ئۈچۈن يارىتىپ قويغىنىغا مىڭ قەتلە شۈكرى خېنىم، — دەيتتى، بۇۋى مەريەممۇ ئەڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇل-



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com